شىنجاڭ گېزىتى 14
2021 - يىل 4 - ئاينىڭ 2 - كۈنى جۈمە

(بېشى 13 - بەتتە)

## 25 - باب شەھەر - يېزا يۇغۇرما تەرەققىيات تۈزۈلمە - مېخانىزملىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش

شەھەر - يېزا ئامىللىرى باراۋەر ئالماشتۇرۇلىدىغان ۋە قوش يۆنىلىشلىك يۆتكىلىدىغان سىياسەت سىستېمىسىنى ئورنىتىپ ۋە تاكامۇللاشتۇرۇپ، ئامىللارنىڭ يېزا - كەنتلەرگە كۆپرەك يۆتكىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، يېزا ئىگىلىكى - يېزىلارنىڭ تەرەققىيات ھاياتىي كۈچىنى ئاشۇرۇش كېرەك.

**1 - پاراگراف يېزا ئىگىلىكى، يېزا ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش**

يېزا ئاساسىي ئىگىلىك باشقۇرۇش تۈزۈمىنى مۇستەھكەملەپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، 2 - نۆۋەتلىك يەر ھۆددە مۇددىتى توشقاندىن كېيىن يەنە 30 يىل ئۇزارتىش سىياستىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يېزا ھۆددە يېرىنىڭ ئىگىدارلىق ھوقۇقى، ھۆددە ئېلىش ھوقۇقى، باشقۇرۇش ھوقۇقىنى ئايرىش تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، باشقۇرۇش ھوقۇقىنى يەنمۇ جانلاندۇرۇش كېرەك. كۆپ خىل شەكىلدىكى مۇۋاپىق كۆلەملىك ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئائىلە دېھقانچىلىق مەيدانى، دېھقانلار كوپېراتىپى قاتارلىق يېڭىچە يېزا ئىگىلىك باشقۇرۇش سۇبيېكتلىرىنى تېزدىن يېتىلدۈرۈپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ كەسپلەشكەن، ئىجتىمائىيلاشقان مۇلازىمەت سىستېمىسىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، كىچىك دېھقان ئائىلىلىرى بىلەن زامانىۋى يېزا ئىگىلىكىنى ئورگانىك جىپسلاشتۇرۇش كېرەك. يېزا ئۆيلۈك يەر تۈزۈمى ئىسلاھاتى سىنىقىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئۆي بىلەن يەرنى بىر گەۋدىلەشتۈرگەن ھالدا ئۆيلۈك يەر ھوقۇق تەۋەلىكىنى بېكىتىپ گۇۋاھنامە بېرىشنى تېزلىتىپ، ئۆيلۈك يەرنىڭ ئىگىدارلىق ھوقۇقى، سالاھىيەت ھوقۇقى، ئىشلىتىش ھوقۇقىنى ئايرىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش شەكىللىرى ئۈستىدە ئىزدىنىش لازىم. يېزا كوللېكتىپىنىڭ تىجارەتلىك قۇرۇلۇش يېرىنى بازارغا سېلىش تۈزۈمىنى يولغا قويۇش ئۈستىدە پائال ئىزدىنىش كېرەك. يېزا كوللېكتىپىنىڭ دېھقانلارنىڭ ئىختىيار قىلىشىنى ئالدىنقى شەرت قىلغان ھالدا، ھەقلىق قايتۇرۇۋالغان بىكار ئۆيلۈك يەر ۋە تاشلاندۇق كوللېكتىپ پاراۋانلىق قۇرۇلۇش يېرىنى قانۇن بويىچە كوللېكتىپ قۇرۇلۇش يېرىگە ئۆزگەرتىپ بازارغا سېلىشقا رۇخسەت قىلىش كېرەك. يەر ئېلىشتا ئاممىۋى مەنپەئەت يېرىنى بېكىتىش مېخانىزمى ئورنىتىپ، يەر ئېلىش دائىرىسىنى تارايتىش كېرەك. يېزا كوللېكتىپ مۈلۈك ھوقۇقى تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، مۈلۈك ھوقۇقىنىڭ فۇنكسىيەسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، تىجارەتلىك مۈلۈكنى كوللېكتىپ ئىگىلىك تەشكىلاتىنىڭ ئەزالىرىغىچە مىقدارلاشتۇرۇپ، يېڭىچە يېزا كوللېكتىپ ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇپ زورايتىش لازىم. كەنت دەرىجىلىك تەشكىلاتلارنىڭ يۈكنى ھەققىي يېنىكلىتىش كېرەك. دۆلەت شەھەر - يېزا يۇغۇرما تەرەققىياتى سىناق رايونى، يېزا ئىسلاھاتى سىناق رايونلىرىنىڭ ئۈلگىلىك - يېتەكچىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇش لازىم.

**2 - پاراگراف يېزا ئىگىلىكى، يېزىلارنىڭ تەرەققىيات ئامىللىرىغا كاپالەتلىك قىلىشنى كۈچەيتىش**

يېزا ئىگىلىكى، يېزا سېلىنمىسىغا كاپالەتلىك قىلىش تۈزۈمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، مەركەز مالىيەسىنىڭ يۆتكىمە چىقىمى، يەرنى ھەقلىق بېرىش كىرىمى ۋە يەرلىك ھۆكۈمەت زايومىنىڭ يېزا ئىگىلىكى، يېزىلارنى قوللاش سالمىقىنى ئاشۇرۇش كېرەك. يېزا ئىگىلىكىنى قوللاش - قوغداش تۈزۈمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، ئاشلىق كۆپ چىقىدىغان جايلارغا مەنپەئەت تولۇقلىمىسى بېرىش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، يېڭىچە يېزا ئىگىلىك تولۇقلىمىسى سىياسەت سىستېمىسى ئورنىتىپ، ئاشلىقنىڭ ئەڭ تۆۋەن سېتىۋېلىش باھاسى سىياستىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش لازىم. تەمنات - سودا كوپېراتىپى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش كېرەك. يېزا يەر ئىشلىتىش كاپالىتى مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئەسلىھەلىك يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزا - كەنت كەسپلىرى تەرەققىياتى ئېھتىياجىغا مۇۋاپىق يەر ئىشلىتىش ئېھتىياجىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. يېزا پۇل مۇئامىلە مۇلازىمەت سىستېمىسىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، پۇل مۇئامىلىنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى قوللىشىغا ئىلھام بېرىش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، يېزا مۈلكى رەنە كېپىللىكىدە مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، يېزا ئىگىلىك سۇغۇرتىسىنى راۋاجلاندۇرۇش لازىم. يېزىغا بېرىپ ئىشقا ئورۇنلاشقان - ئىگىلىك تىكلىگەنلەرنىڭ ئەسلىي يۇرتىدا ياكى ئىشقا ئورۇنلاشقان - ئىگىلىك تىكلىگەن جايدا نوپۇسقا ئالدۇرۇپ ماكانلىشىشى ۋە ئالاقىدار ھوقۇق - مەنپەئەتتىن بەھرىلىنىشىگە يول قويۇپ، پەن تەتقىقات خادىملىرىنىڭ يېزىلاردا قوشۇمچە خىزمەت قىلىپ قوشۇمچە كىرىم قىلىش ۋە ئىشتىن ئايرىلىپ ئىگىلىك تىكلەش تۈزۈمىنى ئورنىتىش لازىم.

## 26 - باب نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەش ۋە كېڭەيتىشنى يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش بىلەن ئۈنۈملۈك جىپسلاشتۇرۇش

يېزىلاردىكى تۆۋەن كىرىملىك ئاھالىنى ۋە ئانچە تەرەققىي قىلمىغان رايونلارنى يۆلەش مېخانىزمىنى ئورنىتىپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئاساسلىق يۆلەش سىياستى ۋە مالىيە سېلىنمىسى سالمىقىنىڭ ئومۇمىي جەھەتتىن مۇقىم بولۇشىنى ساقلاپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلغان رايونلارنىڭ تەرەققىياتىنى داۋاملىق ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.

**1 - پاراگراف نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەش ۋە يۈكسەلدۈرۈش**

«قالپىقى ئېلىپ تاشلانسىمۇ مەسئۇلىيىتىنى ئېلىپ تاشلىماسلىق، قالپىقى ئېلىپ تاشلانسىمۇ سىياسەتنى ئېلىپ تاشلىماسلىق، قالپىقى ئېلىپ تاشلانسىمۇ ياردەمنى ئېلىپ تاشلىماسلىق، قالپىقى ئېلىپ تاشلانسىمۇ نازارەتچىلىكنى ئېلىپ تاشلىماسلىق» تەلىپىنى قەتئىي ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەش ۋە كېڭەيتىشنىڭ ئۇزاق ئۈنۈملۈك مېخانىزمىنى ئورنىتىش ۋە تاكامۇللاشتۇرۇش كېرەك. قايتا نامراتلىشىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، جانلىق كۆزىتىش ۋە دەل جايىدا يۆلەش مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، ئاسانلا قايتا نامراتلىشىپ كېتىدىغان ئاھالىنى دائىملىق كۆزىتىپ، تېز بايقاش ۋە ئىنكاس قايتۇرۇش مېخانىزمىنى ئورنىتىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، قاتلام ۋە تۈر بويىچە ۋاقتىدا يۆلەش سىياستى دائىرىسىگە كىرگۈزۈش لازىم. يېزا ئىجتىمائىي كاپالەت ۋە پاناھلاندۇرۇش تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، يېزىلاردىكى تۆۋەن كىرىملىك ئاھالىگە دائىملىق ياردەم بېرىش مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇش كېرەك. نامراتلىقتىن قۇتۇلغان رايونلاردا شەھەر - يېزا قۇرۇلۇش يېرىنىڭ كۆپىيىشى بىلەن ئازىيىشىنى چېتىشنىڭ قالدۇق كۆرسەتكۈچىنى ئۆلكە دائىرىسىدە ئېلىپ - سېتىش سىياستىنى ئىزچىل يولغا قويۇپ، ئۆلكە ھالقىغان سودا سىياستىنى تەڭشەپ مۇكەممەللەشتۈرۈش لازىم. نامراتلارنى يۆلەش تۈر مەبلىغى ۋە مۈلكىنى باشقۇرۇش، نازارەت قىلىشنى كۈچەيتىپ، ئۆزگىچە كەسپلەرنىڭ ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك. ئىش تېپىپ بېرىپ قۇتقۇزۇش ئۇسۇلىنى ئومۇملاشتۇرۇپ، تۆۋەن كىرىملىك ئاھالىنى ئۆز جايىدا، يېقىن ئەتراپتا ئىشقا ئورۇنلىشىشقا يېتەكلەش لازىم. نامراتلارنى يۆلەش بويىچە كۆچۈرۈلگەنلەرنى داۋاملىق يۆلەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، نامراتلار كۆچۈرۈپ ئورۇنلاشتۇرۇلغان چوڭ رايونلارنىڭ يېڭىچە شەھەر - بازارلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش كېرەك.

**2 - پاراگراف نامراتلىقتىن قۇتۇلغان رايونلارنىڭ ئومۇمىي تەرەققىيات سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش**

نامراتلىقتىن قۇتۇلغان رايونلارنىڭ ئۆزگىچە تېرىقچىلىق، باقمىچىلىقنى يۈكسەلدۈرۈش ھەرىكىتىنى يولغا قويۇپ، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش بىلەن سېتىشنى ئۇدۇللاشتۇرۇش پائالىيىتىنى كەڭ قانات يايدۇرۇپ، ئىستېمال ئارقىلىق يۆلەشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ۋە كېڭەيتىش كېرەك. غەربىي رايوندىكى نامراتلىقتىن قۇتۇلغان ناھىيەلەر ئىچىدىكى يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش بويىچە نۇقتىلىق يۆلىنىدىغان بىر تۈركۈم ناھىيەلەرگە مالىيە، پۇل مۇئامىلە، يەر، ئىختىساسلىقلار، ئۇل ئەسلىھە، ئاممىۋى مۇلازىمەت قاتارلىق جەھەتلەردە مەركەزلىك يار - يۆلەك بولۇپ، ئۇلارنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەش ۋە ئۆزىنى راۋاجلاندۇرۇش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇش لازىم. شەرقىي رايونلار بىلەن غەربىي رايونلار ئارا ھەمكارلىشىش ۋە نىشانلىق ياردەم بېرىش، مەركەزدىكى ئورۇنلار نۇقتا بەلگىلەپ يۆلەش، ئىجتىمائىي كۈچلەرنى يۆلەشكە قاتناشتۇرۇش قاتارلىق مېخانىزملارنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، شەرقىي رايونلار بىلەن غەربىي رايونلارنىڭ ھەمكارلىشىپ - قوشماقلىشىپ يۆلەش مۇناسىۋىتى ۋە يۆلەش ئۇسۇلىنى تەڭشەپ ۋە ياخشىلاپ، كەسپ ھەمكارلىقى ۋە ئەمگەك - مۇلازىمەت ھەمكارلىقىنى كۈچەيتىش كېرەك.

## 8 - قىسىم يېڭىچە شەھەر - بازارلاشتۇرۇش ئىستراتېگىيەسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، شەھەر - بازارلاشتۇرۇشنىڭ تەرەققىيات سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش

جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە يېڭىچە شەھەر - بازارلاشتۇرۇش يولىدا مىڭشتا چىڭ تۇرۇپ، ئادەم يادرو قىلىنغان يېڭىچە شەھەر - بازارلاشتۇرۇش ئىستراتېگىيەسىنى چوڭقۇر ئىلگىرى سۈرۈپ، شەھەر توپى، مەركىزىي شەھەر چەمبىرىكىگە تايىنىپ چوڭ، ئوتتۇرا، كىچىك شەھەرلەر ۋە كىچىك بازارلارنىڭ ماس، ھەمتۈرتكىلىك، ئۆزگىچە تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، تېخىمۇ كۆپ خەلق ئاممىسىنى تېخىمۇ سۈپەتلىك شەھەر تۇرمۇشىدىن بەھرىمەن قىلىش لازىم.

## 27 - باب يېزا ئىگىلىك يۆتكەلمە ئاھالىسىنىڭ شەھەر ئاھالىسىگە ئايلىنىشىنى تېزلىتىش

ساقلانما مىقدارنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش، كۆپەيمە مىقدارغا تۈرتكە بولۇشتا چىڭ تۇرۇپ، نوپۇس تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىش ۋە شەھەر - بازار ئاساسىي ئاممىۋى مۇلازىمىتىنىڭ دائىملىق نوپۇسنى تولۇق قاپلىشىنى بىرتۇتاش ئىلگىرى سۈرۈپ، يېزا ئىگىلىك يۆتكەلمە ئاھالىسىنى شەھەر ئاھالىسىگە ئايلاندۇرۇشنىڭ يانداش سىياسەت سىستېمىسىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، يېزا ئىگىلىك يۆتكەلمە ئاھالىسىنىڭ شەھەرگە ئومۇميۈزلۈك سىڭىشىشىنى تېزلىتىش كېرەك.

**1 - پاراگراف نوپۇس تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش**

دەرىجىدىن تاشقىرى ئايرىم چوڭ شەھەرلەردىن باشقا شەھەرلەردە نوپۇسقا ئېلىش چەكلىمىسىنى بوشىتىپ، دائىم تۇرۇشلۇق جايىدا تىزىملاپ نوپۇسقا ئېلىشنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇش لازىم. دائىملىق نوپۇسى 3 مىليونغا يەتمەيدىغان شەھەرلەردە نوپۇسقا ئېلىش چەكلىمىسىنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، باشقا يەرلىك ۋە شۇ يەرلىك يېزا ئىگىلىك يۆتكەلمە ئاھالىسىنىڭ شەھەر نوپۇسىغا ئېلىش ئۆلچىمى جەھەتتە باراۋەر مۇئامىلىگە ئېرىشىشىگە كاپالەتلىك قىلىش لازىم. شەھەر رايونىدىكى دائىملىق نوپۇسى 3 مىليوندىن 5 مىليونغىچە بولغان I تۈردىكى چوڭ شەھەرلەرنىڭ نوپۇسقا ئېلىش شەرتىنى ئومۇميۈزلۈك بوشىتىش كېرەك. شەھەر رايونىدىكى دائىملىق نوپۇسى 5 مىليوندىن ئاشىدىغان دەرىجىدىن تاشقىرى چوڭ شەھەرلەردە نومۇر جۇغلانمىسى بويىچە نوپۇسقا ئېلىش سىياستىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، نومۇر تۈرلىرىنى ئاددىيلاشتۇرۇپ، ئىجتىمائىي سۇغۇرتا تاپشۇرۇش ۋاقتى ۋە ئولتۇراقلىشىش ۋاقتى نومۇرىنىڭ ئاساسىي سالماقىنى ئىگىلىشىگە ھەققىي كاپالەتلىك قىلىپ، يىللىق نوپۇسقا ئېلىش سان چەكلىمىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا ئىلھام بېرىش كېرەك. ئولتۇراقلىشىش كىنىشكىسى ۋاستە قىلىنغان، ئولتۇراقلىشىش ۋاقتى قاتارلىق شەرتلەرگە باغلانغان ئاساسىي ئاممىۋى مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلەش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، يەرلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ تېخىمۇ كۆپ ئاساسىي ئاممىۋى مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلىشى ۋە ئىش بېجىرىشنى قولايلاشتۇرۇشغا ئىلھام بېرىپ، ئولتۇراقلىشىش كىنىشكىسى بارلارنىڭ شەھەر - بازار مەجبۇرىيەت مائارىپى، تۇرالغۇ كاپالىتى قاتارلىق مۇلازىمەتلەردىن ئەمەلىي بەھرىلىنىش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش كېرەك.

**2 - پاراگراف يېزا ئىگىلىك يۆتكەلمە ئاھالىسىنى شەھەر ئاھالىسىگە ئايلاندۇرۇش مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇش**

مالىيە يۆتكىمە چىقىمىنى يېزا ئىگىلىك يۆتكەلمە ئاھالىسىنىڭ شەھەر ئاھالىسىگە ئايلىنىشىغا چېتىشقا دائىر سىياسەتلەرنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، باراۋەر يۆتكىمە چىقىم تەقسىماتىدا دائىملىق نوپۇسقا سۇندۇرۇپ ھېسابلاش نىسبىتىنى ئۆستۈرۈپ، مەركەز مالىيەسىنىڭ شەھەرلەشتۈرۈش مۇكاپات مەبلىغىنى ئاساسلىقى ئۆلكە ھالقىپ نوپۇسقا ئېلىش سانىغا ئاساسەن تەقسىملەش كېرەك. مالىيەلىك قۇرۇلۇش مەبلىغىدىن كۆپرەك نوپۇسقا ئالغان شەھەرلەرنىڭ ئۇل ئەسلىھە سېلىنمىسىغا تولۇقلىما بېرىش مېخانىزمىنى ئورنىتىپ، مەركەز خامچوت مەبلىغى ئارقىلىق قوللاش سالمىقىنى ئاشۇرۇش لازىم. شەھەر - بازار قۇرۇلۇش يېرى يىللىق كۆرسەتكۈچىنى تەقسىملەش ئاساسىنى تەڭشەپ، ئۇنى يېزا ئىگىلىك يۆتكەلمە ئاھالىسىنى نوپۇسقا ئېلىش سانى ۋە كاپالەتلىك تۇرالغۇ تەمىنات كۆلىمىگە چېتىش مېخانىزمى ئورنىتىش كېرەك. نوپۇسنىڭ يۆتكىلىشىگە ئاساسەن، نوپۇس بارغان - كەتكەن رايونلاردىكى ئوقۇتقۇچى، دوختۇر قاتارلىقلارنىڭ ئىشتات سانى ۋە ئاساسىي ئاممىۋى مۇلازىمەت ئەسلىھەسىنىڭ جايلىشىشىنى ئەمەلىي تەڭشەش كېرەك. شەھەر نوپۇسىغا ئۆتكەن دېھقانلارنىڭ يېزىدىكى يەر ھۆددە ئېلىش ھوقۇقى، ئۆيلۈك يەر ئىشلىتىش ھوقۇقى، كوللېكتىپ پايدا تەقسىماتىغا قاتنىشىش ھوقۇقىغا قانۇن بويىچە كاپالەتلىك قىلىپ، يېزا مۈلۈك ھوقۇقى ئوبوروت بازىرى سىستېمىسىنى بەرپا قىلىپ، دېھقان ئائىلىلىرىنىڭ «ئۈچ ھوقۇقى»نى بازارلاشتۇرۇپ چېكىندۈرۈش مېخانىزمى ۋە يانداش سىياسەتلەرنى تاكامۇللاشتۇرۇش كېرەك .

## 28 - باب شەھەر - بازارلاشتۇرۇش بوشلۇقىنىڭ جايلىشىشىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش

شەھەر توپى ۋە مەركىزىي شەھەر چەمبىرىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ ۋە زورايتىپ، چوڭ، ئوتتۇرا، كىچىك شەھەرلەرنىڭ تەرەققىيات يۆنىلىشى ۋە قۇرۇلۇش مۇھىم نۇقتىسىنى تۈرگە ئايرىپ بېكىتىپ، زىچلىقى مۇۋاپىق بولغان، ئىش تەقسىماتى بويىچە ھەمكارلىشىدىغان، ئىقتىدارى مۇكەممەل شەھەر - بازارلاشتۇرۇش بوشلۇق ئەندىزىسى شەكىللەندۈرۈش كېرەك.

**1 - پاراگراف شەھەر توپىنىڭ بىر گەۋدىلەشكەن تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش**

شەھەر توپى تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشنى تۇتقا قىلىپ، «ئىككى توغرا، ئۈچ تىك لىنىيەلىك» شەھەر - بازارلاشتۇرۇش ئىستراتېگىيەلىك ئەندىزىسىنى ئومۇميۈزلۈك شەكىللەندۈرۈش كېرەك. بېيجىڭ - تيەنجىن - خېبېي، چاڭجياڭ دېلتىسى، جۇجياڭ دېلتىسى، چېڭدۇ - چۇڭچىڭ، چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىنى قاتارلىق جايلاردىكى شەھەر توپلىرىنى ياخشىلاپ ۋە يۈكسەلدۈرۈپ، شەندۇڭ يېرىم ئارىلى، گۇاڭدۇڭ - فۇجيەن - جېجياڭ دېڭىز بويى رايونلىرى، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك، گۇەنجۇڭ تۈزلەڭلىكى، بېيبۇۋەن قولتۇقى قاتارلىق جايلاردىكى شەھەر توپلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ ۋە زورايتىپ، خاربىن - چاڭچۈن، ئوتتۇرا - جەنۇبىي لياۋنىڭ، ئوتتۇرا سەنشى، گۈيجۇۋ، ئوتتۇرا يۈننەن، كۆكخوت - باۋتوۋ - ئوردوس - يۈلىن، لەنجوۋ - شىنىڭ، نىڭشيانىڭ خۇاڭخې بويى رايونلىرى، تيانشاننىڭ شىمالىي ئېتىكى قاتارلىق جايلاردا شەھەر توپلىرىنى يېتىلدۈرۈش ۋە راۋاجلاندۇرۇش كېرەك. شەھەر توپىنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈپ ماس تەرەققىي قىلدۇرۇش مېخانىزمى ۋە تەننەرخنى ئورتاق ئۈستىگە ئېلىپ مەنپەئەتتىن ئورتاق بەھرىمەن بولۇش مېخانىزمىنى ئورنىتىپ ۋە تاكامۇللاشتۇرۇپ، ئۇل ئەسلىھەنى ماس جايلاشتۇرۇش، كەسپ ئىش تەقسىماتى بويىچە ھەمكارلىشىش، ئاممىۋى مۇلازىمەتتىن ئورتاق بەھرىلىنىش، ئېكولوگىيەنى ئورتاق قوغداپ مۇھىتنى ئورتاق تۈزەشنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئىلگىرى سۈرۈش لازىم. شەھەر توپىنىڭ ئىچكى بوشلۇق قۇرۇلمىسىنى ياخشىلاپ، ئېكولوگىيە ۋە بىخەتەرلىك توسۇقى بەرپا قىلىپ، كۆپ مەركەز، كۆپ قاتلام، كۆپ تۈگۈنلۈك تورلاشقان شەھەر توپى شەكىللەندۈرۈش كېرەك.

**2 - پاراگراف زامانىۋى مەركىزىي شەھەر چەمبىرىكى بەرپا قىلىش**

تەسىر كۆرسىتىش - يېتەكلەش ئىقتىدارى كۈچلۈكرەك مەركىزىي شەھەرلەرگە تايىنىپ، بىر سائەتلىك ئاممىۋى قاتناش چەمبىرىكىنىڭ ماس تەرەققىيات سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈپ، بىر گەۋدىلىشىش دەرىجىسى يۇقىرى بولغان بىر تۈركۈم زامانىۋى مەركىزىي شەھەر چەمبىرىكىنى يېتىلدۈرۈش ۋە راۋاجلاندۇرۇش كېرەك. شەھەرلەر ئارا تۆمۈريول ۋە شەھەر رايونى (ئەتراپى) تۆمۈريولى قاتارلىق رېلىسلىق قاتناشنى تايانچ قىلىپ، تۈرلۈك «ئۈزۈك يول»، «بوغما يول»لارنى راۋانلاشتۇرۇپ، شەھەر ئىچى - سىرتى قاتنىشىنىڭ ئۈنۈملۈك جىپسلىشىشىغا ۋە رېلىسلىق قاتناشتا «تۆت تورنى تۇتاشتۇرۇش»قا تۈرتكە بولۇپ، مەركىزىي شەھەر چەمبىرىكى ئۇل ئەسلىھەلىرىنىڭ ئۇلىنىش - راۋانلىقىنى ئاشۇرۇش كېرەك. مەركىزىي شەھەر چەمبىرىكىنىڭ ئىجتىمائىي سۇغۇرتا ۋە نوپۇسقا ئېلىش جۇغلانما نومۇرنى ئۆزئارا ئېتىراپ قىلىشى، مائارىپ ۋە داۋالاش بايلىقىدىن ھەمبەھرىلىنىشكە ئىلھام بېرىپ، پەن - تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش زايومىنى ئورتاق نەقلەشتۈرۈش - ئىشلىتىش، سانائەت باغچە رايونى ۋە پەن تەتقىقات سۇپىسىنى ھەمكارلىشىپ ئورتاق قۇرۇشقا تۈرتكە بولۇش لازىم. شارائىتى يار بېرىدىغان مەركىزىي شەھەر چەمبىرەكلىرىنىڭ بىرلىككە كەلگەن پىلانلاش كومىتېتى قۇرۇشىغا ئىلھام بېرىپ، يىرىك پىلاننى بىرتۇتاش تۈزۈپ يولغا قويۇپ، يەر، نوپۇس قاتارلىقلارنى بىرتۇتاش باشقۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈستىدە ئىزدىنىش كېرەك.

**3 - پاراگراف پەۋقۇلئاددە چوڭ شەھەر، ئالاھىدە چوڭ شەھەرلەرنىڭ مەركىزىي شەھەر رايونىنىڭ فۇنكسىيەسىنى سەرخىللاشتۇرۇش، ئۆستۈرۈش**

ئىقتىساد، تۇرمۇش، ئېكولوگىيە، بىخەتەرلىك قاتارلىق كۆپ مەنبەلىك ئېھتىياجنى بىرتۇتاش پىلانلاپ تەڭ نەزەرگە ئېلىپ، پەۋقۇلئاددە چوڭ شەھەر، ئالاھىدە چوڭ شەھەرلەرنى ئېچىش - قۇرۇش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىپ، پەۋقۇلئاددە چوڭ شەھەر، ئالاھىدە چوڭ شەھەرلەرنى ئىدارە قىلىشتىكى خەۋپ - خەتەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنى كۈچەيتىپ، يۇقىرى سۈپەتلىك، ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. مەركىزىي شەھەر رايونىنىڭ ئادەتتىكى ياسىمچىلىق، رايونلۇق ئەشيا ئوبوروتى بازىسى، كەسپىي بازار قاتارلىق فۇنكسىيە ۋە ئەسلىھەلىرىنى شۇنىڭدەك زىيادە مەركەزلىشىپ قالغان داۋالاش ۋە ئالىي مائارىپ قاتارلىق ئاممىۋى مۇلازىمەت بايلىقلىرىنى تەرتىپلىك تارقاقلاشتۇرۇپ، ئېچىش سىجىللىقى ۋە نوپۇس زىچلىقىنى مۇۋاپىق تۆۋەنلىتىش كېرەك. دۇنياۋى بايلىق سەپلىمىسى، پەن - تېخنىكا ئىجادىيەت بۆشۈكى، سەرخىل كەسپلەرنىڭ يېتەكلەش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىپ، زامانىۋى مۇلازىمەتچىلىك ئاساسىي گەۋدە، ئىلغار ياسىمچىلىق تىرەك قىلىنغان كەسپ قۇرۇلمىسىنى باشلامچىلىق بىلەن شەكىللەندۈرۈپ، ئۇنىۋېرسال ئىقتىدار دەرىجىسى ۋە خەلقئارا رىقابەت كۈچىنى ئاشۇرۇش كېرەك. كەسپ بىلەن شەھەرنى يۇغۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، شەھەر ئەتراپى رايونىنىڭ يېڭى شەھەرلىك ئىقتىدارىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، كۆپ مەركەزلىك، تەشكىللىك تەرەققىياتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش لازىم.

**4 - پاراگراف چوڭ - ئوتتۇرا شەھەرلەرنىڭ ياشاش ۋە ئىشلەشكە باب ئىقتىدارىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش**

ئۇنىۋېرسال تەننەرخ نىسبەتەن تۆۋەن بولۇش ئەۋزەللىكىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، پەۋقۇلئاددە چوڭ شەھەر، ئالاھىدە چوڭ شەھەرلەرنىڭ يۆتكەلگەن كەسپلىرى ۋە تارقاقلاشتۇرۇلغان فۇنكسىيەسىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن قوبۇل قىلىپ، ئەمەلىي ئىقتىسادنىڭ تەرەققىيات ئاساسىنى پۇختىلاش لازىم. ئۆزگىچە بايلىق ۋە كەسپ ئاساسىنى مەۋقە قىلىپ، ياسىمچىلىقنىڭ ئورنىنى پەرقلىق بېكىتىپ، ياسىمچىلىقنىڭ كۆلەملىشىپ، توپلىشىپ تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولۇپ، ئىلغار ياسىمچىلىق بازىسى، سودا ئەشيا ئوبوروتى مەركىزى ۋە رايونلۇق كەسپىي مۇلازىمەت مەركەزلىرىنى جايلارنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ قۇرۇش كېرەك. شەھەر مەمۇرىيىتى ئاممىۋى ئەسلىھەلىرىنىڭ جايلىشىشى ۋە ئىقتىدارىنى ياخشىلاپ، 3 - دەرىجىلىك دوختۇرخانا ۋە ئالىي مەكتەپلەرنىڭ چوڭ، ئوتتۇرا شەھەرلەرگە جايلىشىشىنى قوللاپ، مەدەنىيەت، تەنتەربىيە بايلىقى تەمىناتىنى ئاشۇرۇپ، زامانىۋى مودا ئىستېمال مۇھىتى يارىتىپ، شەھەرنىڭ تۇرمۇش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش لازىم.

**5 - پاراگراف ناھىيە بازىرى مۇھىم ۋاستە قىلىنغان شەھەر - بازارلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش**

ناھىيە بازىرىدىكى كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلاپ، ئاجىز تۈرلەرنى كۈچەيتىشنى تېزلىتىپ، ئاممىۋى مۇلازىمەت، مۇھىت تازىلىقى، شەھەر مەمۇرىيىتى ئاممىۋى ئىشلىرى، كەسپلەرنى يۈرۈشلەشتۈرۈش قاتارلىقلارغا ئائىت ئەسلىھەلەرنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈپ ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئۇنىۋېرسال بەرداشلىق بېرىش ئىقتىدارى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇش كېرەك. شەرقىي قىسىمدىكى ئاساسىي ياخشىراق ناھىيە بازارلىرى قۇرۇلۇشىنى قوللاپ، ئوتتۇرا - غەربىي رايونلار ۋە شەرقىي شىمالنىڭ شەھەر - بازارلاشتۇرۇش رايونلىرىدىكى ناھىيە بازىرى قۇرۇلۇشىغا نۇقتىلىق مەدەت بېرىپ، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى كۆپ چىقىدىغان رايونلار، نۇقتىلىق ئېكولوگىيە فۇنكسىيەلىك رايونلىرىنىڭ ناھىيە بازىرى قۇرۇلۇشىغا مۇۋاپىق مەدەت بېرىش لازىم. ناھىيە بازىرى قۇرۇلۇشىغا مەبلەغ سېلىش - مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، مالىيەلىك مەبلەغنىڭ رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، پۇل مۇئامىلە كاپىتالى ۋە ئىجتىمائىي كاپىتالنى سېلىنما سالمىقىنى ئاشۇرۇشقا يېتەكلەش كېرەك. ناھىيە ۋە بازار رايونلىرىدىكى دائىملىق نوپۇسى 200 مىڭدىن ئاشىدىغان شەرتكە ئۇيغۇن پەۋقۇلئاددە چوڭ بازارلاردا شەھەر تەسىس قىلىشنى پۇختا قەدەم بىلەن تەرتىپلىك ئىلگىرى سۈرۈش لازىم. رايون شارائىتى، بايلىق ئەۋزەللىكى ۋە تەرەققىيات ئاساسىغا ئاساسەن، كىچىك بازارلارنى جايلارنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئۆزگىچە كىچىك بازارلارنىڭ قېلىپلىق، ساغلام تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.




3 - رەسىم: شەھەر - بازارلاشتۇرۇش بوشلۇق ئەندىزىسىنىڭ جايلىشىش خەرىتىسى

## 29 - باب شەھەر سۈپىتىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈش

شەھەرلەرنىڭ تەرەققىيات ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىشنى تېزلىتىپ، شەھەرلەرنى پىلانلاش - قۇرۇش - باشقۇرۇشنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، شەھەر يېڭىلاش ھەرىكىتىنى يولغا قويۇپ، شەھەر بوشلۇقىنىڭ قۇرۇلمىسىنى ياخشىلاش ۋە سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشكە تۈرتكە بولۇش كېرەك.

**1 - پاراگراف شەھەرلەرنىڭ تەرەققىيات ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىش**

شەھەرلەرنىڭ كۆلىمى ۋە بوشلۇق قۇرۇلمىسىنى بايلىق - مۇھىتنىڭ بەرداشلىق بېرىش ئىقتىدارىغا ئاساسەن مۇۋاپىق بېكىتىپ، شەھەر قۇرۇلۇشى، كەسپ تەرەققىياتى، ئېكولوگىيەنى ساقلاش، ئۇل ئەسلىھە ۋە ئاممىۋى مۇلازىمەتنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئورۇنلاشتۇرۇش كېرەك. فۇنكسىيەلەر بىرىكتۈرۈلگەن، ئىستىربىئولۇق تەرەققىي قىلدىغان، ئاممىۋى قاتناش يېتەكچى قىلىنغان تۈجۈپىلىك ئىخچام تەرەققىيات ئەندىزىسىنى يولغا قويۇپ، يەر يۈزى ۋە يەر ئاستى بوشلۇقىدىن پايدىلىنىشنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، كۆكەرتىش تۈگۈنى ۋە ئاممىۋى ئوچۇق بوشلۇقنى كۆپەيتىپ، يېڭىدىن قۇرۇلغان ئولتۇراق رايونلىرىدا مەھەللە تۈزۈمىنى ئومۇملاشتۇرۇش كېرەك. شەھەر لايىھەسى ۋە قىياپىتىنى باشقۇرۇش - تىزگىنلەشنى يولغا قويۇپ، ئەپلىك، تېجەشلىك، يېشىل، كۆركەم بولغان يېڭى دەۋر بىناكارلىق فاڭجېنىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يېڭىدىن ئېگىز ئىمارەت سېلىشنى باشقۇرۇش - تىزگىنلەشنى كۈچەيتىش كېرەك. شەھەر يېڭىلاشنى تېز ئىلگىرى سۈرۈپ، كونا مەھەللە، كونا زاۋۇت رايونى، كونا كوچا ۋە شەھەردىكى كەنت قاتارلىق قالدۇق تەۋەلىك رايونلىرىنىڭ فۇنكسىيەسىنى ئۆزگەرتىپ ۋە ئۆستۈرۈپ، كونا بىنالارنى ئۆزگەرتىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، توختالغۇ، توكلىغۇلارنى پائال قۇرۇش ۋە كېڭەيتىپ قۇرۇش لازىم.

(ئاخىرى 15 - بەتتە)